## 1552 ـ ئېھتىياجلىق بولغاندا يازما ماتېرىياللارغا تارىخنى مىلادىيە يىل نامىسى بىلەن يازساق قانداق بولىدۇ؟

### سۇئال

مېنىڭ سىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغىنىم، ئىسلام مۇنبىرى ئىشخانىلىرى مىلادىيە كالېندارىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەرگە جايلاشقان، بىز ھىجرىيە كالىندارى بويۇنچە ئىش قىلىمىز، بىزنىڭ ھىجرىيە كالىندارى بويۇنچە ئىش قىلىشىمىز، ھىجرىيە كالىندارى بويۇنچە ئىش قىلمايدىغان ھۆكۈمەت دائىرلىرى بىلەن بولىدىغان ئىشلىرىمىزدا قىيىنچىلىققا سەۋەپ بولدى، بولۇپمۇ يىللىق خامچوت بېكىتىش، ئايلىق ئىش ھەققى بېرىش، شۇ دۆلەتلەردىكى خاس ئورۇنلارغا مالىيە دوكلاتى سۇنۇش قاتارلىق ئىشلاردا قىيىنچىلىق يۈز بەردى. بىز ھىجرىيە تارىخىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ شوئارى، بەلگىسى ۋە كاپىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئالامىتى ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلىمىز، شۇنداقتىمۇ زۆرۈر بولغانلىقتىن بىز خامچوت بېكىتىش قاتارلىق مۇئامىلە ئىشلىرىدا مىلادىيە كالېندارىغا تايانساق بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

### تەپسىلى جاۋاپ

ھىجرىيە تارىخىنى باشقا ئېلىپ ئىككى تارىخنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتسە بولىدۇ، يازغاندا ھىجرىيە پالانى تارىخ مۇۋاپىق مىلادىيە پالانى تارىخ دەپ يازىدۇ. (ئەگەر ئىش يۇقىرىدا سوئالدا دېيىلگەندەك بولسا، مىلادىيە كالېندارى بويۇنچە تارىخ قوللانسا بولاۋېرىدۇ. م) بۇنداق بولىشى، ھىجرىيە تارىخى كۆز بىلەن ئېنىق كۆرىنىدىغان، ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان ئايغا تايىنىدۇ، ئەمما مىلادىيە تارىخى بولسا، ئۇنى ھېساب بىلەن بىلمىسە ئايغا قاراپ بىلگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پرىنسىپىدا ھەج، روزا ۋە ئېتىكاپ قاتارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ھىجرىيە كالىندارى بويۇنچە ئېتىبارغا ئالىدۇ، ئىشنى ھىجرىيە تارىخى بىلەن باشلاش بولسا ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئالامىتى، شوئارى قاتارلىقلارنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈندۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.